ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلالايلى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككىنچى، ئىدىيەۋى تونۇشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. خەۋپ ـ خەتەر ئېڭى، كۈلپەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسىلە يۆنىلىشى، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇم ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى زىچ كۆزىتىپ، ۋاقتىدا تەھلىل قىلىپ، تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، قانچە خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالدىغا ئۆتۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن، تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، ئىستىلنى ياخشىلاپ، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قەتئىي، كۈچلۈك، قىلچە بوشاڭلىق قىلماي ياخشى ئىشلەش كېرەك.

ئۈچىنچى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ پۇختىلاش كېرەك. ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقۇمنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە مەنبەدىن باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئىز قوغلاپ باشقۇرۇش، تېببىي كۆزىتىش ۋە ئايرىۋېتىش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چاغاندىن كېيىن قايتقان خادىملارغا قارىتا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىقلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇپ ـ داۋالاپ، تېببىي خادىملارنىڭ بىخەتەرلىك مۇداپىئەسىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش تەدبىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەھەللە، يېزىلارنى دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، توغرا يۆنىلىشتە چەتكىچە، تىك يۆنىلىشتە تېگىگىچە يەتكۈزۈلىدىغان، قاپلىنىشى پۇختا بولغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تورىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك؛ كۆپ خىل يول ۋە شەكىلدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاشنى چىڭ تۇتۇش، زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ۋە سۇ، توك، ماي، گاز بىلەن نورمال تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، يېشىل يول ئېچىپ ماددىي ئەشيالارنى توشۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ بىر قولدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى تۇتۇش، بىر قولدا مۇقىملىقنى قوغداشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۆتىنچى، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ چىڭىتىش كېرەك. پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۈەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭ «بىر تاختا شاھمات»، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك «بىر تاختا شاھمات» بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەردىكى بىرىنچى قول رەھبەرنىڭ بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتى، ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولىدىغان رەھبەرنىڭ بىۋاستە مەسئۇلىيىتى، تەۋەلىكتىكى جاينىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە تارماقلارنىڭ فۇنكسىيەلىك مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، رايون، ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا تۆت دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بۆلۈپ ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شەكىلۋازلىق ۋە بيۇروكراتلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ ۋە ئۈنى چەكلەپ، نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى تولۇق، ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كۈچلۈك بولمىغان، بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنمىغان، تار مەھكىمىچىلىكى ئېغىر، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان، ئىستىلى تۇراقسىز، مەسئۇلىيەتنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ قۇرۇق تالاش ـ تارتىش قىلغان، ھەتتا ساختىپەزلىك قىلغان، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئىنتىزام، قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

بەشىنچى، ئاۋانگارتلىق رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق قوزغاپ، ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە باتۇرلۇق بىلەن يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ، ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش جېڭىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغانلارنى تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاش، دادىل ئىشلىتىش، يۆلىنىشنى ياخشى تۇرغۇزۇش كېرەك.

ئالتىنچى، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش ـ ئاممىۋى تىزگىنلەش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىش كېرەك. ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى كەڭ، چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى تەشۋىق قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ مەدەنىيلىك ساپاسى ۋە ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بىرىنچى سېپىدە پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلارنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى جانلىق بايان قىلىپ، ئىشەنچنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، قەلبلەرنى ئىللىتىپ، خەلق رايىنى مايىللاشتۇرۇش كېرەك. ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ھەربىر ئورۇن، ھەربىر كوچا، ھەربىر يېزا ـ بازار، ھەربىر مەھەللە، ھەربىر كەنت، ھەربىر ئائىلىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش ـ ئاممىۋى تىزگىنلەشنىڭ پۇختا مۇداپىئە سېپىنى بەرپا قىلىپ، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش ـ ئاممىۋى تىزگىنلەشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىسلاھاتقا ئالاقىدار تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا چېتىشلىق نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھاياتلىق ھەممىدىن ئەلا! خەلق ھەممىدىن ئەلا! بۇ قېتىمقى يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، باشتىن ـ ئاخىر خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشكە قارىتا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، كۆپ قېتىم دوكلات ئاڭلاپ، مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ھەم ئالاقىدار تارماقلاردىن ئەتراپلىق لايىھە تۈزۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كۈچلەرنى تەشكىللەپ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. دېھقانلار كالېندارى بويىچە يېڭى يىلنىڭ تۇنجى كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى كۈچلۈك قانات يايدۇرۇلماقتا، تۈرلۈك تەدبىرلەر كۈچلۈك ئالغا سىلجىتىلماقتا، پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ مۇجەسسەملەنمەكتە.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى، بىز كۈچىمىزنىڭ بارىچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتىمىز. يۇقۇم ـــ بۇيرۇق، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ـــ مەسئۇلىيەت. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، مەركەز يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، گوۋۇيۈەن بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدە يولۇققان جىددىي مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى، ئالاقىدار تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلدى، ئارمىيە يەرلىكنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلىشىگە پائال ياردەم بەردى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋەزىيەتكە ئىلمىي ھۆكۈم قىلىپ، يۇقۇم ئەھۋالىنى ئېنىق، توغرا ئىگىلەپ، بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلدى، بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلدى، بىرتۇتاش ھەرىكەت قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئالدىغا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلدى. ھەرقايسى پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەر، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇردى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى، بىز قەھرىمانلارچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتىمىز. يۇقۇمنىڭ بىرىنچى سېپى دەل جەڭ مەيدانى، كەڭ تېببىي خادىملار خەۋپ ـ خەتەردىن قورقمىدى، ھەققانىيەت يولىدىن قايتمىدى. چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى كەچتە، ھەرقايسى جايلاردىن ياردەمگە كەلگەن داۋالاش ئەترەتلىرى جىددىي يىغىلىپ، ۋۇخەنگە قاراپ يولغا چىقتى. يۇقۇم ئالدىدا كەڭ تېببىي خادىملار: «دۆلەتتە جەڭ بولسا، چاقىرغان ھامان كېلىمىز، جەڭدە چوقۇم غەلىبە قىلىمىز!» دېگەن ئېتىقاد بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ۋىرۇسقا قارشى كۆرەش قىلىپ، ھاياتلىق ئۈچۈن كۈچ ئۆلاپ، سانسىزلىغان تېببىي خادىملار شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاپ، قورقماس، چىدامچان قەھرىمانلىق خىسلىتىنى نامايان قىلدى. كېسەللىكنى ھۇجۇم بىلەن يېڭىش ئۈچۈن، زور بىر تۈركۈم پەن تەتقىقات خادىملىرى «ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ھالەت» بويىچە پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتتى. كەڭ تېببىي خادىملار باتۇرلۇق بىلەن تىرىشىپ كۆرەش قىلىپ، ۋىرۇس ئالدىدا خەلق ئاممىسى ئۈچۈن قاتمۇقات ساغلاملىق مۇداپىئە سېپى قۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن قوغدىدى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى، بىز ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتىمىز. جۇڭگو خەلقى ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىق روھىغا ئىگە. بۇ مەيدان خەلق ئۇرۇشىدا، شەھەرلەردىن يېزا ـ كەنتلەرگىچە، ئىچكى قۇرۇقلۇقتىن چېگرا رايونلارغىچە، 1 مىليارد 400 مىليون خەلق بىر نىيەتتە ئويلاپ، بىر مەقسەتتە تەڭ كۈچ چىقىرىپ، كېسەللىك بىلەن ئورتاق ئېلىشىشنى قانات يايدۇردى. كەڭ خەلق ئاممىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاكتىپلىق بىلەن بويسۇنۇپ، ھەرىكەتكە كېلىپ، تەشكىللىنىپ، ئۇيۇشۇپ، ئىشنى ئۆزىدىن باشلاپ، كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش ـ ئاممىۋى تىزگىنلەشنىڭ پۇختا مۇداپىئە سېپىنى ئورتاق بەرپا قىلدى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى نۇقتىلىق رايونلاردىكى قېرىنداشلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قەلبىگە پۈكۈشتىن، بەس ـ بەستە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىپ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئىپادىلەشكىچە، يەنە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن قۇربىنىڭ يېتىشىچە تۆھپە قوشۇشقىچە، كەڭ خەلق ئاممىسى «بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىش»تەك ئۇلۇغ سۆيگۈسى، مېھىر ـ مۇھەببىتىنى نامايان قىلىپ، مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش بولغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈردى.

جۇڭگو خەلقى ئۇلۇغ خەلق، جۇڭخۇا مىللىتى ئۇلۇغ مىللەت. رەھىمسىز يۇقۇملۇق كېسەل ئالدىدا، بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، داۋاملىق كۈچىمىزنىڭ بارىچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، قەھرىمانلارچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىسەكلا، بىز بۇ مەيدان خەلق ئۇرۇشىدا چوقۇم غەلىبە قىلالايمىز!

**(2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

نەپەس كېسەللىكلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇتەخەسسىسى مۇنداق ئەسكەرتتى:

# ئىلمىي كېسەل كۆرسىتىپ، گىرەلەشمە يۇقۇملىنىشتىن ساقلىنىڭ

## مۇداپىئەلىنىش كۆرسەتمىسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز فۇ **شياڭلۇك** خەۋەر قىلىدۇ: كۆپچىلىكتە قىزىش ئالامىتى كۆرۈلسە، قانداق ئىلمىي دىياگنوز قويغۇزۇش، قانداق كېسەل كۆرسىتىش كېرەك؟ شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا نەپەس كېسەللىكلىرى 1 ـ بۆلۈمىدىكى مۇدىر ۋاڭ جىلىڭ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بەردى.

ۋاڭ جىلىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى ئېلان قىلغان «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغىغا دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش لايىھەسى (سىناق 5 ـ نۇسخا)»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، مەھەللىدىكى قىزىپ قالغان ئاغرىقلارنى بەلگىلەنگەن ئامبۇلاتورىيەگە يۆتكەپ دىياگنوز قويغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن قىزىپ قالغان ئاغرىقتىن تارقىلىشچان كېسەللىك تارىخى بار ـ يوقلۇقىنى سوراش ھەم مۇناسىۋەتلىك تەكشۈرۈشلەرنى قىلىش كېرەك. «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغىغا دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش لايىھەسى(سىناق 5 ـ نۇسخا)»دىكى تەلەپ بويىچە، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرىكى 14 كۈن ئىچىدە ۋۇخەن شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ساياھەت قىلىش تارىخى ياكى باشقا كېسەللىك مىسالى دوكلات قىلىنغان مەھەللىلەردە تۇرۇش تارىخى بولغان، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرىكى 14 كۈن ئىچىدە ۋۇخەن شەھىرى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن كەلگەن ياكى كېسەللىك مىسالى دوكلات قىلىنغان مەھەللىلەردىن كەلگەن قىزىپ قالغان ياكى نەپەس يولى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلگەن ئاغرىقلار، توپلىنىش خاراكتېرلىك كېسەللىك قوزغالغان ئاغرىقلار بىلەن ئۇچراشقان، شۇنداقلا يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار بىلەن ئۇچرىشىش تارىخى بولغان ئاغرىقلارنىڭ ھەممىسى تارقىلىشچان كېسەللىك تارىخنى ھازىرلىغان دەپ قارىلىدۇ.

ۋاڭ جىلىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بيوخىمىيەلىك، ئۆپكە CT، PCR، كىسلاتا ـ ئىششىق مۇۋازىنىتى ۋە ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك دەرىجىسى قاتارلىق تۈرلەر بويىچە تەكشۈرۈلىدۇ، تەكشۈرۈشتە بايقالغان قىزىپ قالغان ئاغرىقلاردىن ئەگەر كلىنىكىلىق ئىپادىسى ۋە رېنتگېن قاتارلىق تەكشۈرۈشلەردىكى نەتىجىسى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملىنىشقا ئۇيغۇن كەلمىگەن ئاغرىقلار قىزىتما كېسەلخانىسىدا قالدۇرۇپ كۆزىتىلىدۇ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان دەپ گۇمان قىلىنغان ئاغرىقلار يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر كېسەلخانىدا قالدۇرۇپ كۆزىتىلىپ، تېزدىن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس نۇكلېئىك كىسلاتا تەكشۈرۈشى ياكى ۋىرۇس گېنىنى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، دوختۇرخانىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ بېكىتىشى ئاساسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ؛ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان دەپ ئېنىق بېكىتىلگەن ئاغرىقلار بەلگىلەنگەن دوختۇرخانىغا يۆتكەپ كېلىنىپ كېيىنكى قەدەمدىكى داۋالاش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ۋاڭ جىلىڭ كۆپچىلىككە ئادەتتىكى زۇكام، تارقىلىشچان زۇكام ۋە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالامەتلىرىنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلىشنى ئەسكەرتتى. ئادەتتىكى زۇكامدا دائىم بۇرۇن پۈتۈپ قالىدۇ، بەزىدە بىر كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە تۆۋەن، ئوتتۇرا دەرىجىدە قىزىيدۇ، ئادەتتە پۈتۈن بەدەن خاراكتېرلىك كېسەللىك ئالامەتلىرى بىرقەدەر ئاز كۆرۈلىدۇ؛ تارقىلىشچان زۇكامدا ئومۇمەن قىزىش ئالامەتلىرى بىللە كۆرۈلىدۇ ھەم ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگىچە روشەن يۇقىرى قىزىتما ئالامىتى كۆرۈلىدۇ؛ ئەمما، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغىنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئادەتتە 38.5 سېلسىيە گرادۇستىن ئېشىپ كەتمەيدۇ ھەم قىزىش، يۆتىلىش، قۇسۇش ۋە ئىچى سۈرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر بىللە كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەللىك ئالامەتلىرىگە ئاساسەن ئىلمىي كېسەل كۆرسىتىش، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىگە توپلىشىپ بېرىۋالماسلىق، گىرەلەشمە يۇقۇملىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

ۋاڭ جىلىڭ مۇنداق دېدى: بەدەن تېمپېراتۇرىسى 37.3 سېلسىيە گرادۇستىن ئېشىپ كەتمىگەن ھەم روشەن ھالدا نەپەس سىقىلىش، ھاسىراش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەن، شۇنداقلا بىر قىسىم باشقا ئاساسىي كېسەللىرى بولغان ئاغرىقلار ھازىرقى يۇقۇم بىرقەدەر ئېغىر بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئەڭ ياخشىسى ئالدى بىلەن ئۆيدە ئارام ئېلىشى ۋە كۆزىتىشى، سۇنى كۆپ ئىچىشى، ئىمكانقەدەر كۆپرەك چېنىقىشى كېرەك، كېسەللىك ئالامەتلىرىنى يېنىكلىتىدىغان بىر قىسىم زۇكام دورىلىرىنى ئىستېمال قىلسا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ماسكا تاقاش، قولنى پات ـ پات يۇيۇش، ئۆينىڭ ھاۋاسىنى پات ـ پات ئالماشتۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ؛ ئەگەر ئىككى قېتىم ئۆلچىگەن بەدەن تېمپېراتۇرىسى 37.3 سېلسىيە گرادۇستىن ئېشىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشانغانلار قاتارلىق ئاساسىي كېسىلى بار ۋە ئىممۇنىتېت ئىقتىدارى تۆۋەن كىشىلەر مۇناسىۋەتلىك مەھەللىگە ئۇقتۇرۇپ، مەھەللىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەخسۇس ئاپتوموبىلى بىلەن بەلگىلەنگەن قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىگە دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاشقا بېرىشى، دوختۇرخانىغا بېرىش يولىدا ماسكا تاقىشى، يۆتەلگەندە، چۈشكۈرگەندە ئاغزىنى قول بىلەن ئەمەس قەغەز ياكى جەينىكى بىلەن توسۇشى كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سوممىسىنى 2 مىليون يۈەندىن 3 مىليون يۈەنگە ئۆستۈرۈپ، ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر ھەم كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى.

ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتىشتۈرۈش ئۆلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇرۇلۇشى، ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسى، ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمىتى ۋىلايەت، ئوبلاست سەپىرى، ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر مەشىق لاگېرى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇردى. ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىش مۇسابىقىسى ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرگە مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش سۇپىسى ھازىرلاپ بېرىپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ماھىرلارنى تىزىملىتىپ قاتنىشىشقا جەلپ قىلدى، شەرتكە ئۇيغۇن كەلگەن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۈرلەر يەنە ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يېتىشتۈرۈش بازىسىغا ماكانلىشىپ، سورۇن ئىجارىسىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى ھەم ئۆسۈم ياردىمى قاتارلىق تۈرلۈك ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يۆلەش سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولدى.

«ئاكتىپ ئىگىلىك تىكلەش بويىچە يۆلەش سىياسىتى، تېخىمۇ كۆپ ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىرقەدەر ياخشى ئۆلگە كۆرسىتىش ئۈنۈم ئېففېكتى ۋە جەمئىيەت ئۈنۈم ئېففېكتى ھاسىل قىلدى.» ما جيەنيۈن مۇنداق بىلدۈردى: بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش مۇلازىمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئىگىلىك تىكلەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، كۆپ يوللار ئارقىلىق جانلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇل سىياسىتىنى يولغا قويۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلەش، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھام بېرىپ ۋە قوللاپ، دېھقان ئىشلەمچىلەر، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر، ھەربىي سەپتىن قايتقانلار قاتارلىقلارنىڭ يۇرتىغا قايتىپ، يېزىغا بېرىپ ئىگىلىك تىكلىشىگە ئىلھام بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىگىلىك تىكلەپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈنۈم ئېففېكتىنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىشىنى سىجىل نامايان قىلدى.